# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 6 ـ ئاي
14
يەكشەنبە
维吾尔文 6 月14日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25092 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نىڭشيادا تەكشۈرۈشتە بولغاندا قىلغان مۇھىم سۆزى كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندىدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئىشەنچى تولۇپ تاشتى، كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى ——

# تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە ئورتاق قەدەم قويىمىز

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

«سوتسىيالىزم ئىشلەپ يارىتىلغان، بەخت كۈرەش قىلىشتىن كەلگەن. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت سىجىل تىرىشسا، ھەر مىللەت ئاممىسى بوشاشماي كۈرەش قىلسا، بۈگۈندىن كېيىنكى تۇرمۇشىمىز چوقۇم تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ بەختلىك بولىدۇ».

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نىڭشيادا تەكشۈرۈشتە بولغاندا قىلغان مۇھىم سۆزى كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندىدى، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئىشەنچىنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نىڭشيادا تەكشۈرۈشتە بولغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# قەتئىي تەۋرەنمەي «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش كېرەك

مەركەز 6 ـ كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەخسۇس كۆزىتىشى بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش» قايتما ئىنكاس پىكرىگە ئاساسەن تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى

## چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نىڭشيادا تەكشۈرۈشتە بولغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مەملىكەتلىك ئىككى يىغىننىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇش كېرەك. سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تۈرلۈك تەدبىرلىرىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ئورۇنلار، نۇقتىلىق كىشىلەر توپى، نۇقتىلىق ئېغىزلاردا دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى سىجىل كۈچەيتىپ، ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى قەتئىي مۇستەھكەملەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تەن ساغلاملىقىنى قوغداش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، قەتئىي تەۋرەنمەي يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇش كېرەك؛ دىققەتنى تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى ئالغا سىلجىتىشنى نۇقتىلىق تېزلىتىشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى دەل جايىدا كېڭەيتىش كېرەك؛ ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشتىكى تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىستېمالنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا TIR خەلقئارا تاشيول ئېكسپورت ترانسپورتى ئۈرۈمچىدە قوزغىتىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر جوۋ شېڭبىن)** چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا TIR خەلقئارا تاشيول ئېكسپورت ترانسپورتى 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۈرۈمچىدە قوزغىتىلدى. بۇ دۆلىتىمىز TIR خەلقئارا تاشيول ترانسپورتىنىڭ چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودىغا قارىتا ھاۋا ترانسپورتى، دېڭىز ترانسپورتى ۋە تۆمۈريول ترانسپورتىدىن باشقا تۆتىنچى خىل جانلىق، تېز، قولايلىق ترانسپورت شەكلىنى كېڭەيتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، ھاۋا ترانسپورتى بىلەن تۆمۈريول ترانسپورتىنىڭ يەر شارنىڭ تەمىنلەش زەنجىرى ئېغىر تو سالغۇغا ئۇچرىدى. چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ترانسپورتىنىڭ بېسىمىنى پەسەيتىش، تاشقى سودىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى گۇرۇھى شۇ كۈنى «چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا TIR خەلقئارا تاشيول ئېكسپورت ترانسپورتى» يېڭى ئەندىزىسىنى قوزغاتتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

«ئاپتونوم رايوننىڭ جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى يولغا قويۇش پىكرى» چىقىرىلدى

## 2022 ـ يىلى ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى جۇڭيى تېبابىتى داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قاپلىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا چىقىرىلغان «ئاپتونوم رايوننىڭ جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى يولغا قويۇش پىكرى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «يولغا قويۇش پىكرى» دېيىلىدۇ)دە مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: ئاپتونوم رايونىمىز جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىنىڭ خاسلىقى ۋە ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ساغلام شىنجاڭ ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى ئالغا سىلجىتىدۇ.

«يولغا قويۇش پىكرى»دە جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىنىڭ ساغلام شىنجاڭ ئىستراتېگىيەسىدىكى ئۆزگىچە رولىنى جارى قىلدۇرۇش، جۇڭيى دورىلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە كەسپلەرنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇش، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئېچىۋېتىش، يېڭىلىق يارىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بەش جەھەتتىكى نۇقتىلىق ۋەزىپە ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. 2022 ـ يىلغا بارغاندا، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى جۇڭيى تېبابىتى داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قاپلىشىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش، بارلىق مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى ۋە يېزا ـ بازار شىپاخانىلىرىدا جۇڭيىچە داۋالاش ئۆيى تەسىس قىلىش، جۇڭيى تېبابىتى دوختۇرلىرىنى سەپلەشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش قاتارلىق ۋەزىپە ـ نىشان ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن يېڭى ئۇلۇغۋار پىلان تۈزۈلدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

## مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش: قۇياش نۇرىنى تۆمەنلىگەن ئائىلىلەرگە چاچتى




□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ شيا**

مائارىپ نامراتلىقنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىشىنى توسۇشتىكى تۈپ تەدبىر، شۇنداقلا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئاساسىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئاچقۇچى. ئوقۇشتىن توختاپ قېلىشنى تىزگىنلەش، ئوقۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش، ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش بىلەن تولۇق قاپلاش... يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز نامرات رايونلاردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى ئاجىز مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاپ، مەجبۇرىيەت مائارىپى كاپالەت تورىنى زىچ، پۇختا توقۇدى، مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، بارغانسېرى كۆپ نامرات ئوقۇغۇچى ئوقۇشنى تاماملاپ، «ئوقۇيدىغان مەكتەپ بولۇش»تىن «ياخشى ئوقۇش»قا ئاتلاندى، مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلماقتا.

### تەكشى تەرەققىي قىلىش ئوقۇش سۈپەتلىك بولۇش

6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، توقسۇ ناھىيەسى لىشۈي باشلانغۇچ مەكتىپىگە كىرگىنىمىزدە، 4 ـ يىللىقنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى شيا يىڭجيې يۈرۈشلەشكەن سىنىپ ئارقىلىق باللارغا «لومنى سۆركەپ يىڭنە قىلىش» دېگەن تېكىستنى ئۆتۈۋاتقان بولۇپ، ئۇن ـ سىن ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن ھەمتۈرتكە بولۇپ، خەت، سۆزلەرنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى.

لىشۈي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئاقسۇ شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 200 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، گەرچە چەت، يىراقتا جايلاشقان بولسىمۇ، لېكىن شۇ جايدىكى تور ئۆچۈرلاشتۇرۇش سۈپىتى قۇرۇلۇشىنىڭ پايدىسىدا ئوقۇغۇچىلار مول ئۆگىنىش بايلىقىغا ئىگە بولدى. بۇ جايدا باللار بۇلۇت سۈپىتى ئارقىلىق، نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى جېجياڭنىڭ لىشۈي شەھىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر بىلەن ئوخشاش بىر دەرسنى ئاڭلىيالايدۇ، «بوشلۇق دەرسخانىسى» ئارقىلىق، ئوقۇتقۇچىلار شىنجاڭنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى داڭلىق ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ماس قەدەمدە ئوقۇتۇش ـ تەتقىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرالايدۇ.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)



▶ 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، 100دىن ئارتۇق ئاپتوموبىل قاراماي شەھىرىنىڭ مايتاغ رايونى مايتاغ ـ كۇچا تاشيولى چوڭ لاگېرىدا يىغىلىپ، مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىغا قاراپ مېڭىشقا تەييارلانماقتا (ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان).

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جوۋ پېڭ فوتوسى

▼ مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى (2019 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان).

□ لەي يۈنىڭ فوتوسى



شىنجاڭ ياخشى جاي

## جۇڭگودىكى ئەڭ گۈزەل تاشيول مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىدا قاتناش ئەسلىگە كەلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ياۋ گاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىدا قاتناش ئەسلىگە كېلىپ ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالدى. قاراماي شەھىرىنىڭ مايتاغ رايونى مايتاغ ـ كۇچا تاشيولى ساياھەتچىلەر مۇلازىمەت مەركىزىدە، ئاپتوموبىللارنىڭ ياغراق گۈدۈك چېلىشىغا ئەگىشىپ، 100دىن ئارتۇق ئاپتوموبىل تاڭ قۇياشى تەرەپكە قاراپ مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىغا يۈرۈپ كەتتى.

شۇ كۈنى، قاراماي شەھىرى ئۇيۇشتۇرغان 2020 «جۈللۈك ساياھىتى مايتاغ ـ كۇچا تاشيولى» مايتاغ ـ كۇچا تاشيولىدا قاتناش باشلاش مۇراسىمى قاراماي شەھىرىنىڭ مايتاغ رايونىدىكى مايتاغ ـ كۇچا چوڭ لاگېرىدا ئۆتكۈزۈلدى.

G217 مايتاغ ـ كۇچا تاشيولى تيانشاننىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىگە جايلاشقان، شىمالدا مايتاغدىن باشلىنىپ جەنۇبتا كۇچاغا تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 560 كىلومېتىر. تاشيول بويىغا بايىنبۇلاق يايلىقى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

## نىجاتنىڭ ئىگىلىك تىكلەش غەيرىتى تولۇپ تاشتى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي يۈنيەن**

4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيەسىدە ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، مەيىن شامال چىقىپ تۇراتتى، بۇ ھاۋا يۇيۇش، ئاپتاپقا سېلىشقا تازا ماس كېلەتتى. ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى بىر ئاممىغا قولاي مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ سودىسى ناھايىتى قىزىپ كەتكەن بولۇپ، يۇيۇلىدىغان، ئاسراتقىلى ئېلىپ كېلىنگەن ئاپتوموبىللار كىرىپ چىقىپ تۇراتتى، چوڭ ھويلىدا ئون نەچچە گىلەم ئاپتاپقا سېلىنغان بولۇپ، سىرتتا يەنە يۇيىدىغان نەچچە ئون گىلەم بار ئىدى.

شىركەت مەسئۇلى نىجات قۇربان يان تېلېفونىدا شۇ جاينىڭ تۇرمۇش ئۇچۇرلىرىنى كۆرۈۋاتاتتى. «ئىش، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تۈرلۈك تۇرمۇش ئېھتىياجلىرى كۆپىيىشكە باشلىدى، كېڭەيتىشكە بولىدىغان يېڭى كەسىپنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى كۆرۈپ بېقىۋاتىمەن.» نىجات مۇنداق دېدى: خاتىرجەم ئىگىلىك تىكلىگەندىكى تۇيغۇ نېمىدېگەن ياخشى، كۆڭلۈم ئەزەلدىن بۇنداق خاتىرجەم بولۇپ باقمىغان.

### شىركەتنىڭ كەسىپ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ

«بىزنىڭ شىركەتنىڭ كەسىپلىرىدىن ئاپتوموبىل يۇيۇش، گىلەم يۇيۇش، ئۆي كۆچۈرۈش، سۇ، توك، پار ئۈسكۈنىلىرىنى قۇراشتۇرۇش، رېمونت قىلىش، ئۆي ۋاستىچىلىكى بار، يەنە ۋاكالەتەن ئاپتوموبىل ھەيدەشمۇ بار، تۇرمۇشتا كۆپرەك ئېھتىياج چۈشىدىغان ئىشنى بايقىساقلا، بىز مۇلازىمەت تۈرلىرىنى تەدرىجىي كۆپەيتىمىز» دېدى نىجات.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)


新疆日报 | 石榴云
新疆报业传媒集团